# شى جىنپىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا فرانسىيە زۇڭتۇڭى، كوستارىكا زۇڭتۇڭى بىلەن تېلېفونلاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پۈتۈن يەر شارىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن «جۇڭگو ـ فرانسىيە تۆھپىسى»نى قوشۇشى كېرەك. ئىككى دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ بىرلەشمە تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، ۋاكسىنا ۋە دورا تەتقىقاتى خەلقئارا ھەمكارلىقىغا مەدەت بېرىپ، 73 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا سەھىيە يىغىنىدىكى ئورتاق تونۇشنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنى قوللاشنى زورايتىپ، تېخىمۇ كۆپ بولغان جۇڭگو ـ فرانسىيە ـ ئافرىقا ئۈچ تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ، ئافرىقا قاتارلىق تەرەققىي قىلمىغان رايونلار ۋە دۆلەتلەرنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى قوللاش كېرەك. كۆپ تەرەپچىلىكتە چىڭ تۇرۇپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەن سىز بىلەن قويۇق ئالاقىنى ساقلاپ، يۆنىلىشنى ياخشى ئىگىلەپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ساغلام، مۇقىم تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى خالايمەن. ئىككى تەرەپ يۇقۇم تۈگىگەندىن كېيىن، كېيىنكى باسقۇچتىكى ھەرقايسى قاتلام ـ دەرىجىلىك ئالاقىنى ياخشى پىلانلاپ، سۆزلىشىش ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشنى مۇۋاپىق، تەرتىپلىك، جانلىق قانات يايدۇرۇشنى كۆزلىشى كېرەك. يۇقۇمدىن كېيىنكى ئىقتىسادنى جانلاندۇرىدىغان ماكرولۇق سىياسەتنى ماسلاشتۇرۇش ۋە ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش، يەنى ئەنئەنىۋى ساھەلەردىكى ھەمكارلىق يوشۇرۇن كۈچىنى چوڭقۇر قېزىش، يېڭى گۈللەنگەن ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى تېخىمۇ كېڭەيتىش كېرەك. جۇڭگو بازىرى فرانسىيەگە ئوچۇق، فرانسىيە تەرەپنىڭ سودا خادىملىرىنىڭ جۇڭگوغا كېلىشتىكى «تېز يول»دىن ياخشى پايدىلىنىپ، فرانسىيەنىڭ جۇڭگودىكى كارخانىلىرىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كۈچ قوشۇشنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگو كارخانىلىرىغا ئادىل، كەمسىتمەيدىغان تىجارەت ـ سودا مۇھىتى يارىتىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو ـ ياۋروپا كەڭ ئورتاق مەنپەئەتكە ئىگە ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلاردۇر. جۇڭگو تەرەپ ياۋروپا ئىتتىپاقىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشتە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئىلگىرىلەشلەردىن خۇشال، ياۋروپا تەرەپ بىلەن ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم، زور سىياسىي قارارلارنى ئالغا سىلجىتىپ، كۆپ تەرەپچىلىكنى قوللاپ، ئاممىۋى سەھىيە، كىلىمات ئۆزگىرىشى، جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداش قاتارلىق يەر شارىۋى خىرىسلارغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا مۇناسىۋىتىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

ماكرون مۇنۇلارنى بىلدۈردى: فرانسىيە ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جەھەتتە ياخشى ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ، ئىتتىپاقلىقنى نامايان قىلدى. فرانسىيە تەرەپ داۋاملىق مۇشۇ روھ بويىچە جۇڭگو تەرەپ بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. فرانسىيە تەرەپ رەئىس شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو تەرەپ تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان ۋاكسىنىنى خەلقئارا ئاممىۋى مەھسۇلات قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغانلىقىنى تەرىپلەيدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، دۇنيا سەھىيە يىغىنىدىكى ئورتاق تونۇشنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى قوللاپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى زور كۈچ بىلەن قوللاشنى خالايدۇ. مەن بالدۇرراق يەنە بىر قېتىم جۇڭگودا زىيارەتتە بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن، شۇنداقلا ئىككى دۆلەت ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ سۆزلىشىش ـ ئالاقىلىشىشنى ساقلاپ، ئۆزئارا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نۇقتىلىق ھەمكارلىق تۈرلىرىنى ئالغا سىلجىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن، نۆۋەتتىكى جىددىي ئىش تېزدىن ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش. فرانسىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە كۆپ تەرەپچىلىكنى قوغداپ، كىلىمات ئۆزگىرىشى، جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقى قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئاكتىپ ئامىللارنى قوشۇشنى خالايدۇ. فرانسىيە تەرەپ كېيىنكى باسقۇچتا ياۋروپا بىلەن جۇڭگونىڭ بىر قاتار مۇھىم، زور ئالاقىسىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن پائال رول ئويناشنى خالايدۇ.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى كەچتە كوستارىكا زۇڭتۇڭى ئالۋارادو بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، كوستارىكا تەرەپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن جۇڭگو تەرەپنى داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى ياردىمى بىلەن تەمىنلىدى، بۇ دوستلۇقنى بىز ئېسىمىزدە چىڭ ساقلايمىز. جۇڭگو تەرەپ كوستارىكا تەرەپنى لاتىن ئامېرىكىسى رايونىدا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشتىكى مۇھىم ھەمراھ بىلىپ، كوستارىكا تەرەپكە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى ئىئانە قىلدى ھەم يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تەجرىبىلىرىنى سىنلىق ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى. ھازىر، لاتىن ئامېرىكىسى رايونىنىڭ يۇقۇم ۋەزىيىتى كەسكىن، جۇڭگو تەرەپ داۋاملىق كوستارىكا تەرەپنى قەتئىي قوللاپ، كوستارىكا تەرەپنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن قۇربىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ داۋاملىق خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان ئوتتۇرا، كىچىك دۆلەتلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغدايدۇ، كوستارىكا تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تىرىشچانلىقىنى قوغداشنى، يەر شارى ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: كوستارىكا جۇڭگو تەرەپنىڭ ئىشىنىشكە ئەرزىيدىغان ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھىدۇر. ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن بۇيان، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى ئوڭۇشلۇق بولدى، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىق نەتىجىلىرى مول بولدى. يۇقۇم جۇڭگو ـ كوستارىكا ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقى ۋە خادىملار ئالاقىسىگە بەلگىلىك سەلبىي تەسىر كۆرسەتتى، لېكىن جۇڭگو تەرەپنىڭ جۇڭگو ـ كوستارىكا ئۇزاق مۇددەتلىك دوستانە ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتىش قەتئىي ئۆزگەرمەيدۇ، كوستارىكا تەرەپنىڭ ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلق تۇرمۇشنى ياخشىلىشىغا مەدەت بېرىش مەيدانى ئۆزگەرمەيدۇ. ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتى ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور ئىشلىرىنى داۋاملىق قوللاپ، يۇقۇمدىن كېيىنكى ئىككى تەرەپ ھەمكارلىقىنى بىرلىكتە پىلانلاپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش رامكىسىدا ئىككى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە پۇختىلاشنى ئالغا سىلجىتىشى كېرەك. ئىشىنىمەنكى، جۇڭگو ـ كوستارىكا مۇناسىۋىتى يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇشنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن چوقۇم يېڭى، تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشىدۇ.

ئالۋارادو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: كوستارىكا بىلەن جۇڭگو دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 13 يىلدىن بۇيان، ئىككى تەرەپنىڭ دوستلۇقى كۈنسېرى چوڭقۇرلاشتى، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. كوستارىكا تەرەپ بىر جۇڭگو پرىنسىپىدا قەتئىي چىڭ تۇرىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئاممىۋى سەھىيە، ئۇل ئەسلىھە، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇش ـ ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسىگە كىرىدىغان كۆۋرۈكى ۋە دەرۋازىسى بولۇپ، كوستارىكا ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى باسقۇچقا كىرىشىگە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ. جۇڭگو بىر ئۇلۇغ دۆلەت، كوستارىكا تەرەپ رەئىس شى جىنپىڭنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەجرىبىسىگە قايىل، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو تەرەپ تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان ۋاكسىنىنى خەلقئارا ئاممىۋى مەھسۇلات قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغانلىقىغا ئاپىرىن ئېيتىدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ كوستارىكانىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى قەتئىي قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىدۇ. كوستارىكا تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، كۆپ تەرەپچىلىكنى قوللاپ، كىلىمات ئۆزگىرىشى قاتارلىق يەر شارىۋى خىرىسلارغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى خالايدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىدىن بولغانلىقىنى تولۇق تونۇش كېرەك. ھەققىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باشتىن ـ ئاخىر خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، كۈچلۈك ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، خەلقنىڭ ساغلاملىقىغا ھەر تەرەپلىك، تولۇق دەۋرىيلىك كاپالەتلىك قىلىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مېخانىزمىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، چېگرا پورتى، نۇقتىلىق مەيدان ـ سورۇنلار، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىغا بولغان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئىلمىي مۇداپىئەلىنىشكە تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى قەتئىي مۇستەھكەملەش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك. ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش، بوشاشماي دائىم تەييار تۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات سالمىقىنى زورايتىپ، مۇقىم بولغان ئاممىۋى سەھىيە ئىشلىرى سېلىنمىسى مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئاپپاراتلىرىنىڭ فۇنكسىيەسىنى تەسىس قىلىشنى ئەلالاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئاپپاراتلىرى بىلەن شەھەر ـ يېزا مەھەللىلىرىنىڭ بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىش خىزمەت مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداش، ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئىقتىساد، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. يۇقۇملۇق كېسەل يۇقۇمى ۋە تويۇقسىز يۈزبەرگەن ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئېغىر، زور يۇقۇمدىن قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش سىستېمىسى ۋە تويۇقسىز يۈزبەرگەن ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ دەسلەپكى لايىھە سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، داۋالاش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىپ، تەكشۈرۈش، ئۆلچەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، شەھەر ـ يېزا ئۈچ دەرىجىلىك تېببىي داۋالاش مۇلازىمەت تورى قۇرۇلۇشى ۋە ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللەرنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلام سەھىيە خادىملىرىنى كەسپلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش ۋە مەشقلەندۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، داۋالاش مۇلازىمىتى، ئالدىنقى مەزگىللىك بىر تەرەپ قىلىش، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

بەشىنچىدىن، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك. خىزمەتنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى بېيىتىپ، شەكىل، ئۇسۇلدا يېڭىلىق يارىتىپ، شەھەر ـ يېزا مۇھىتىنى تۈزەشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، ئاممىۋى سەھىيە ئۇل ئەسلىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سەھىيە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بىلىملىرى تەشۋىق ـ تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ساغلام يېمەك ـ ئىچمەك، تازىلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ، مەدەنىي، ساغلام، يېشىل، مۇھىت ئاسرايدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنىڭ جەمئىيەت ساغلاملىقىنى باشقۇرۇشقا ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكىگە ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇشنى تېزلىتىپ، جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمىنى ئىسلاھ قىلىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تېبابىتى دورىگەرلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېزلىتىپ، جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، كەسپلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى بىلەن غەرب تېبابىتى دورىگەرلىكىنىڭ بىر ـ بىرىنى تولۇقلىشى، ماس تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يەتتىنچىدىن، ئىستىلنى ياخشىلاپ خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىش كېرەك. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار ۋە كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇپ ۋە ئۇنى يېڭىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا ئائىت تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسى قۇرۇلۇشى، قوشۇن يېتىلدۈرۈش، مېخانىزم ئىسلاھاتى، قانۇنچىللىق كاپالىتىگە تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ شىنجاڭدا پۇختا ئەمەلىيلىشىشى، ئىنچىكە ئەمەلىيلىشىشى، جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى نامزاتلىققا كۆرسىتىش ـ باھالاش خىزمىتى ئەھۋالىدىن بېرىلگەن دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: نامزاتلىققا كۆرسىتىش ـ باھالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى پۇرسەت بىلىپ، ئەمگەك روھى، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھى ۋە ھۈنەرۋەن روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئەمگەكنى قەدىرلەش، ئەمگەكچىلەرنى ھۆرمەتلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىدىن ئۆگىنىش، نەمۇنىچىلاردىن بولۇشقا تىرىشىشتەك دەۋر كەيپىياتىنى يارىتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمگەك قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇپ، ئىجادىيەت يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قوزغاپ بېرىش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، شۇ خەيرۇڭ، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى مەملىكەتلىك ئىككى يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇردى، ئەمەلىيلەشتۈردى

# نازارەت قىلىش، كاپالەتلىك قىلىش، ئىجرا قىلىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇكەممەللەشتۈرۈش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق «ئۈچ تۈرلۈك تۈزۈم»نى يولغا قويۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ھۆكۈمەت تارماقلىرى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەمۇرىي قانۇن ئىجراسىنى قېلىپلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلىپىگە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەققىي تۈردە مەمۇرىي قانۇن ئىجراسىدىكى «ئۈچ تۈرلۈك تۈزۈم»نى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇشنى دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەمەلىيىتى قىلىپ، قانۇنچىل ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى ئاچقۇچلۇق تەدبىر قىلىپ، ئەستايىدىل ياخشى يولغا قويۇپ، ياخشى تەشكىللەپ، ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەققىي تۈردە قانۇنچىللىق ئىدىيەسى، قانۇنچىللىق تەپەككۇرىنى قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەمۇرىي قانۇن ئىجراسىنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: يېڭى دەۋردىكى قانۇنچىل ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى پۇختا ئىگىلەپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجراسىدىكى «ئۈچ تۈرلۈك تۈزۈم»نى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش كېرەك. مەمۇرىي قانۇن ئىجراسىدىكى «ئۈچ تۈرلۈك تۈزۈم» خىزمەت تەلىپىنى توغرا ئىگىلەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەمۇرىي قانۇن ئىجراسىنى باشلاش، تەكشۈرۈپ دەلىل ـ ئىسپات ئېلىش، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش قارارى قاتارلىق پروتوكول جەريانىنى خاتىرىلەشنى قېلىپلاشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجراسىنىڭ پروتوكول جەريانىدا ئىز قالدۇرۇش ۋە ئەسلىگە قايتۇرۇشقا بولىدىغان باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ مەمۇرىي قانۇن ئىجراسى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قانۇن ئىجراسى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشنى چىڭىتىپ، مەمۇرىيەتتە قىلىدىغاننى قىلماسلىق، قالايمىقان ئىش قىلىش قاتارلىق ھادىسىلەرنى قەتئىي توسۇش كېرەك؛ ئۇنىۋېرسال مەمۇرىي قانۇن ئىجراسى ئىسلاھاتى سالمىقىنى زورايتىپ، بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىدىغان، رايون ھالقىپ ھەمكارلىشىدىغان، تارماقلار ماسلىشىدىغان، ئومۇمىي جەھەتتىن بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىدىغان ئۇنىۋېرسال قانۇن ئىجراسى خىزمەت مېخانىزمىنى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك؛ «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجراسى ئىشلىرى تىزىملىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك رەتلەپ، بازارلاشقان، قانۇنچىللاشقان، خەلقئارالاشقان تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى سىجىل بەرپا قىلىش كېرەك؛ مەمۇرىي قانۇن ئىجراسىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتىدە «بىر توردا بىرتۇتاش بېجىرىش» قاتارلىق ئۇچۇر سۇپىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، قانۇن ئىجراسى ئۇچۇرلىرىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇش، ئۆزئارا راۋانلاشتۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى تېخىمۇ قولايلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: پارتىيە رەھبەرلىكىنى مەمۇرىي قانۇن ئىجراسىنىڭ پروتوكول جەريانى، ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئۈچ تۈرلۈك تۈزۈم»نى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇشنى قانۇنچىل ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىدىكى نۇقتىلىق خىزمەت قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشىغا كىرگۈزۈپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، ماسلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، يېڭى ۋەزىيەتتە مەمۇرىي قانۇن ئىجراسىدىكى «ئۈچ تۈرلۈك تۈزۈم» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، تىرىشىپ ئاشكارا، ئوچۇق، قېلىپلاشقان، تەرتىپلىك، ئادىل، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قانۇنچىل مۇھىت يارىتىش كېرەك.

**ئىختىيارىي مۇخبىرلار جاڭ پېڭ، ۋاڭ نىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن مەزگىلىدىكى مۇھىم سۆزلىرىنىڭ روھى ۋە مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ 20 ـ قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەدبىرلىرىنى تەتقىق قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ شىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى ۋە كەڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ ۋەزىيىتىنى زىچ چۆرىدەپ، مەسئۇلىيىتىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلىشى كېرەك. مەملىكەتلىك ئىككى يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ، سىياسىي نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتىن ئىبارەت مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرمىنى چىڭ كۆزلەپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىپ، دەل جايىدا نازارەت قىلىپ، پۈتۈن جەرياندا نازارەت قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش، ئىقتىسادنى مۇقىملاشتۇرۇش، تەرەققىياتنى كۆزلەش، مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇشى، پۇختا تۇتۇشى، ئىنچىكە تۇتۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىپ، نۇقتىلىق ھالقىلارنى قاتتىق نازارەت قىلىشنى چىڭ كۆزلەپ، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى چىڭ كۆزلەپ، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈشنى چىڭ كۆزلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي بولۇشى، جەريانىنىڭ پۇختا بولۇشى، نەتىجىسىنىڭ ھەققىي بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. «قاتتىق» بولۇش ئاساسىي رىتىمدا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، ئىستىلنى توغرىلاش، ئىنتىزامنى چىڭىتىشتا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، «تۆت خاھىش»نى قەتئىي تۈزىتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.